


# فىڭ لىدا: ھاياتى ئارقىلىق ئېتىقادىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن تېببىي مۇتەخەسسىس



فىڭ لىدانىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر مېي شىشيۇڭ)** يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئازادلىق ئارمىيە باش دوختۇرخانىسى 6 - تېببىي مەركىزى فىڭ لىدا داۋالاش ئەترىتىدىكى سەككىز مۇتەخەسسىس بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتى ۋە قىسىم گازارمىسىغا بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قانات يايدۇردى.

فىڭ لىدا دۆلىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر تېببىي مۇتەخەسسىسى، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ ئۈلگىسى. 2008 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن ھەم قايناق ھېسسىياتقا تولغان 83 يىللىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى ——

ئۇ داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال فىڭ يۈشياڭنىڭ قىزى، يېڭى جۇڭگودىكى تۇنجى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا «دەسلەپكى مەزگىلدە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇتەخەسسىس» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن؛ ئۇ دۆلەت ئىچى - سىرتىغا داڭلىق ئىممۇنولوگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇپ، سەككىز پارچە ئىلمىي ئەسەرنى باش بولۇپ تۈزگەن، ئۈچ قېتىم ئارمىيە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن...

جان ئۈزۈش ئالدىدا، فىڭ لىدا ئوغلىغا ئۆزىگە ۋاكالىتەن 10 مىڭ يۈەن پارتىيە بەدەل پۇلى تاپشۇرۇشنى تاپىلىغان. پارتىيە بەدەل پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مائاش كارتىسىدا ئاران 85.46 يۈەنلا قالغان.

«مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى چۈشىنىشتىن قىزغىن سۆيۈشكىچە، يەنە قەتئىيلىك بىلەن ئەگىشىپ مېڭىشقىچە، نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسامۇ ئىرادەمنى ئۆزگەرتمىدىم.» بۇ فىڭ لىدانىڭ ھايات ۋاقتىدا دائىم دەيدىغان سۆزى.

ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى تەربىيەسىنى ئېلىش جەريانىدا، فىڭ لىدانىڭ قەلبىگە پارتىيەنى سۆيۈش، پارتىيەگە ئىشىنىش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئۇرۇقى چېچىلغان. 1949 - يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىممۇنولوگىيەدە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپلا، ئۇ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسىغا بىرىنچى پارچە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىنى سۇنغان.

ئىممۇنولوگىيە بويىچە كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، فىڭ لىدا جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنىغا كېلىپ خىزمەت قىلىپ، يېڭى جۇڭگودىكى تۇنجى دېزىنفېكسىيە تەتقىقاتخانىسىنى قۇرغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 29 قېتىم ئەترەت باشلاپ جېجياڭ، خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ قان شورىغۇچى قۇرت كېسىلى، تارقىلىشچان مېڭە پەردىسى ياللۇغى، خولېرا، تولغاق قاتارلىق يۇقۇم كۆرۈلگەن رايونلارنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرغان.

1973 - يىلى 3 - ئايدا فىڭ لىدا سابىق دېڭىز ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلىپ، ئادەتتىكى بىر كېسەلخانا دوختۇرى بولغان. ناھايىتى تېزلا ئۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن داۋالاش تېخنىكىسى ۋە قىزغىن مۇلازىمىتى بىلەن ئاغرىقلار ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن.

1975 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى فىڭ لىدانىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر كۈن، تەشكىل ئاخىر ئۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىشنى تەستىقلىغانىدى. خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ ھاياجاندىن كۆز يېشى قىلغان.

ئىلىم - پەن باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، سابىق دېڭىز ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىدا ئىممۇنولوگىيە تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغان، فىڭ لىدا مەركەزنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەسپكە بېرىلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ تۇنجى ئىممۇنولوگىيە تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ، ئىممۇنىتېت فىزىكىسى، ئىممۇنىتېت ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىلمى ۋە قىسىم ئىممۇنولوگىيەسىنى بەرپا قىلغان، سەككىز پارچە ئىلمىي ئەسەرنى باش بولۇپ تۈزگەن، 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ جۇڭگوچە يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

فىڭ لىدا ھەربىي پاراخوتقا چىقىپ، دېڭىزدىكى ئارالغا بېرىپ، قىسىمغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چارچاشقا، سوغۇققا، ئاچارچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، 100 مىڭغا يېقىن ئوفىتسېر - ئەسكەر ۋە ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان. «سارس»قا تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئىسمىنا قوشۇپ ۋاقىتنى ئۇزارتىپ ئىشلەپ، 12 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق يۇقۇم ماتېرىيالىنى يىغىپ رەتلەپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن كىتاب قىلىپ باستۇرغان...

فىڭ لىدا نام - مەنپەئەت قوغلاشماي، ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرگەن. بىر قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ ئىشتان ئۇپراپ ئىككى تۆشۈك ئېچىلىپ قالسىمۇ، ئۇ قايتا - قايتا ياماپ، 20يىل كىيگەن، تا ۋاپات بولغاندىمۇ ئۇچىسىدا ئىدى. ئۇ نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشنى كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بەخت دەپ بىلگەن، ئىئانە قىلغان پۇل - مالىنىڭ قىممىتى جەمئىي 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن.

فىڭ لىدا بىر ئۆمۈر ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ھاياتىمنى پارتىيەگە بېغىشلايمەن» دېگەن قەسىمى ۋە ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشتەك يۈكسەك غايە - ئىنتىلىشنى شەرھلىگەن. **(بېزىشقا قاتناشقانلار: لو گوجىن، ماۋ يۈ)**

# پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى جاڭ شۇ: پۈتۈن ھاياتىنى پارتىيە ۋە خەلققە بېغىشلىدى

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى تەن يۈەنبىن**



جاڭ شۇنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (تەن چاۋ فوتوسى)

ئۇرۇش يىللىرىدا ئۈچ قېتىم ئېغىر يارىلانغان، ئوڭ كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى جاڭ شۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئادەتتىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 22 يىل قەتئىي ئىرادە بىلەن پارتىيەنىڭ نەزەرىيەسىنى تەشۋىق قىلدى. ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، جەسىتىنى پەن تەتقىقاتقا ئىشلىتىشكە تەقدىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بارلىقىنىمۇ پارتىيە ۋە خەلققە بېغىشلىدى.

17 ئۆگىنىش خاتىرىسى ۋە 57 كۈندىلىك خاتىرە جاڭ شۇنىڭ شانلىق ھاياتى ۋە يۈكسەك مەنىۋى مەنزىلىنىڭ كارتىنىسى. ئۆگىنىش خاتىرىسىدە ئۇنىڭ پارتىيەنىڭ نەزەرىيەسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشتەك قەلب مۇساپىسى خاتىرىلەنگەن؛ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئۇنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ قىممەت قارىشى توغرىسىدىكى چوڭقۇر تەسىراتى مۇجەسسەملەنگەن.

جاڭ شۇ 1937 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، كېيىنكى يىلى پارتىيەگە كىرگەن. جەڭ مەيدانىدا، ئۇ 100 قېتىمدىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك جەڭ، كۈرەشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

ئۇ خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «مەن ئۈچ قېتىم ئېغىر يارىلاندىم، ھەر قېتىمدا سەپداشلىرىم، ئامما مېنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالدى. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزگىرىمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن، شۇندىلا پارتىيە ۋە خەلققە يۈز كېلەلەيمەن».

جاڭ شۇ 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ شۇ كۈنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ مەڭگۈ ئىككىنچى سېپى بولمايدۇ، پەقەت يۈرۈكۈم سوقۇپ تۇرسىلا، قۇربىمنىڭ يېتىشىچە پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن».

دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇ پارتىيەگە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئۆگىنىشكە، پارتىيەنىڭ نەزەرىيەسىنى تەشۋىق قىلىش يېڭى مۇساپىسىگە سىڭدۈرگەن. 1986 - يىلى 10 - ئايدا، «پېشقەدەم جەڭچىلەر دوكلات ئۆمىكى» قۇرۇلغان، جاڭ شۇ ئۆمەك باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ دوكلات ئۆمىكىنى يېتەكلەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 دىن ئارتۇق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرگە بېرىپ دوكلات بېرىپ، «پارتىيەنىڭ دوكلاتچىسى» دەپ تەرىپلەنگەن.

ئۇ نەزەرىيە مۇھىم نۇقتىلىرىنى كىچىك كارتىلارغا يېزىپ يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ، قەيەرگە بارسا شۇ يەردە سۆزلىگەن. ئۇ دوكلات ئۆمىكىدىن «ئەنئەنىۋى دوكلاتتا ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش، نەزەرىيە كونسۇلتاتسىيەسىدە قائىدە ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىش»نى تەلەپ قىلغان.

ئۇنىڭ سول كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاران 0.3 بولۇپ، ھەر قېتىم دوكلات بېرىشتىن بۇرۇن، جەزمەن لوپا ئەينەك بىلەن سۆز تېزىسى تەييارلايتتى. مەيلى شەھەر ياكى چەت، يىراق تاغلىق رايون بولسۇن، تەكلىپ قىلىنسىلا، جاڭ شۇ دوكلات ئۆمىكىنىڭ جەزمەن بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. 2005 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، خۇبېي لاۋخېكوۋدىكى ھاۋا ئارمىيە مەلۇم مەشىق بازىسى دوكلات ئۆمىكىنى كېلىپ دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلغان، 84 ياشقا كىرگەن جاڭ شۇنىڭ تېنىنى كۆپ خىل كېسەل چىرمىۋالغان بولسىمۇ، قەتئىيلىك بىلەن نەق مەيدانغا بارغان. نەچچە يۈز كىلومېترلىق ئۇزۇن سەپەر جاپاسىنى تارتىپ ۋۇخەنگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۈچەيى قاناپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان.

22 يىلدا، جاڭ شۇ ۋە سەپداشلىرى ئارمىيە، يەرلىكتە 2700 مەيداندىن ئارتۇق دوكلات بەرگەن، بىۋاستە ئاڭلىغۇچى 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قېتىمغا يەتكەن. دوكلات ئۆمىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» ۋە «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياشانغاندىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

جاڭ شۇ ھەممە جايدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئۇمۇم بىلەن شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى ئېنىق ئايرىغان. ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ ھەممىسى قىسىمدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن، ئۇ جۈن دەرىجىلىك كادىر بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئوغۇللىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش، كادىرلىققا ئۆستۈرۈلۈش قاتارلىق ئىشلىرىدا تەشكىلگە ئېغىز ئاچمىغان.

ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئۈچىنچى ئوغلى ئەر - خوتۇن بىردەك ئىش ئورنىدىن قېلىپ، تۇرمۇشتا بەكلا قىينىلىپ قالغان. لېكىن ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «ئائىلىدىكى ئىش سەۋەبلىك پارتىيەۋىلىك پرىنسىپنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. قىيىنچىلىقنىڭ ھامان ھەل بولىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ».

2006 - يىلى 6 - ئايدا، جاڭ شۇ دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ماۋ لەنچېڭنىڭ ياردىمىدە سۆزىنى ئۈپتىك دىسكىغا ئالدۇرغان. ئۈپتىك دىسكىدا، ئۇ ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگەن: «مەن نەچچە ئون يىل ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، سىلەرگە ئالتۇن قالدۇرۇپ قويمىدىم، ھەم كۈمۈشمۇ قالدۇرۇپ قويمىدىم، سىلەرگە قالدۇرۇپ قويغىنىم مۇشۇ ئۈپتىك دىسكا. ئىچىدىكىسى مېنىڭ ئىنقىلابىي كەچۈرمىشىم ۋە مەندەك بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئادەم بولۇش مىزانى. سىلەر دائىم كۆرۈڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار».

2008 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جاڭ شۇ ئۆپكىسى يۇقۇملىنىپ يەنە بىر قېتىم دوختۇرخانىدا ياتقان. 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاپات بولغىچە ھوشسىز ياتقان، شۇ يىلى 87 ياشتا ئىدى.

1998 - يىلى جاڭ شۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ، جەسەت كۈلىنى جياڭجېڭغا چېچىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ قاچانلاردىدۇر يەنە بىر يېڭى ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى بايقىغان. بۇ يېڭى ۋەسىيەتتە ئۇ جەسىتىنى ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق يازغان —— «كۆز يېشى قىلىپ تۇغقانلار، دوستلار بىلەن ۋىدالىشىپ، ماركس بىلەن كۆرۈشمەن كۈلۈمسىرەپ بېرىپ. جەسىتىمنى بېغىشلاپ تېببىي تەتقىقاتقا، ھاۋالە قىلىمەن سېغىنىشنى كۆرەش قىلىشقا ئىنتىلىشىپ.» ئەڭ ئاخىرىدا، ئائىلىسىدىكىلەر ۋەسىيەتكە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسىتىنى ۋۇخەن شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋۇخەن تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# تەن چيەنچيۇ: ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەشتە، ئۇ ھاياتى ئارقىلىق ئۇستاز روھىنى شەرھلىدى



تەن چيەنچيۇنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر جاڭ خەيلېي)** تەن چيەنچيۇ، ئەر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 1957 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان، خۇنەن ئۆلكىسى خېڭياڭ شەھىرى چىدۇڭ ناھىيەسى بۇيۇنچياۋ بازىرى يەنچيەن كەنتىدىن. 1978 - يىلى 3 - ئايدا، تەن چيەنچيۇ ئەلا نەتىجە بىلەن خۇنەن داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، سىياسىي كەسىپتە ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئۇنى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالماقچى بولغان. ئەمما ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن: «مەن ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بارىمەن!» دەپ ئىلتىماس قىلغان. بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ ئارزۇسى بويىچە سىچۈەن دۇڭفاڭ پار ماشىنىسى زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر داشۆسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، ئارقىدىن يەنە دۇڭچى ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. 2000 - يىلى 9 - ئايدا سىچۈەن ئۆلكىسى بويىچە ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان.

2008 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 14تىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە، دۇڭچى ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپتا، تەن چيەنچيۇ مۇئەللىم ساۋاقداشلارغا دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت سىنىپ قاتتىق تەۋرىنىپ، پارتا - ئورۇندۇقلار سىلكىنىشكە باشلىغان. يەر تەۋرىدى! ئۇ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋارقىراپ ساۋاقداشلارنى مەيدانغا قاراپ قېچىشقا بۇيرۇغان. نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، ئوقۇتۇش بىناسى ئۆرۈلۈشكە باشلىغان، يېنىدىكى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن تۆت بالىنى كۆرۈپ، تەن چيەنچيۇ ئىككى قولى بىلەن ئۇلارنى كۆچەپ پارتا ئاستىغا ئىتتىرگەن، ئارقىدىن ئۇ ئېڭىشىپ، ئىككى غولىچىنى ئېچىپ پارتىنى قۇچاقلاپ يېتىۋېلىپ، قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن جىسمى ئارقىلىق بىر پولات سېپىلنى ھاسىل قىلغان.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئىزدەپ قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن خارابىسىدە، تەن چيەنچيۇنىڭ بەدىنىنى بېسىۋالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە بېتون تاختىنى ئېلىۋەتكەندە، نەق مەيداندىكى ھەممەيلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ياش تۆككەن. ئۇ، يەردە تىزلىنىپ ئىككى غولىچىنى كېرىپ ئولتۇرغان، ئۇنىڭ بەدىنى ئاستىدا تۆت ئوقۇغۇچى تۈگۈلۈپ ياتقان بولۇپ، ھالبۇكى ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىنى لىم بېسىۋېلىپ چوڭقۇر ئويۇلۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. تەن چيەنچيۇ ئۆزىنىڭ قانىتىنى سۇندۇرۇش بەدىلىگە، ئوقۇغۇچىلارنى داۋاملىق قانات قېقىپ پەرۋاز قىلدۇرغان. ئۇ ھاياتى ئارقىلىق مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت ئۇستاز پەزىلىتى - روھىنى شەرھلىگەن، ئۇنىڭ ئىككى غولىچى كەڭ ئېچىلغان ئاشۇ جىسمى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدىگە ئايلانغان. يەر تەۋرىگەن كۈنى، ئۇ سۆزلىگەن ئەڭ ئاخىرقى دەرس «كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى» بولۇپ، خەتەرلىك پەيتتە، ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بارلىق كىشىلەرگە ئەڭ ياخشى بىر دەرسنى ئۆتكەن.

يەر تەۋرەشتىن كېيىن، تەن چيەنچيۇغا مەملىكەت بويىچە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قەھرىمانى قاتارلىق شەرەپلىك ناملار تولۇقلاپ بېرىلدى، 2019 - يىلى يېڭى جۇڭگودىكى «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» دەپ نام بېرىلدى.

قەھرىمان ئۆلمەيدۇ، روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە تەن چيەنچيۇنى خاتىرىلىدى. كىنو «ئەڭ ئاخىرقى دەرس»، كىتاب «مېھىر - مۇھەببەت ئۈزۈلمەيدۇ»دىن بارغانسېرى كۆپ كىشى بىر ئىستېرېئولۇق تەن چيەنچيۇنى كۆرۈپ يەتتى. ئانا مەكتىپى خۇنەن داشۆدە تىكلەنگەن مىس ھەيكەل ئۇنىڭ جېنىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزغانلىقىدەك ئاشۇ دەقىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت قوزغايدۇ. سىچۈەن دېياڭدىكى لۇڭجىڭ قەبرىستانلىقىنى ياپيېشىل دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان بولۇپ، يوللار ئەگرى - بۈگرى، ھەر قېتىم چىڭمىڭدا، تەن چيەنچيۇنىڭ قەبرىسى ھەر ۋاقىت ياد ئەتكۈچىلەرنىڭ گۈللىرىگە پۈركىنىدۇ.

ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، شۇ يىلى خارابىلىككە ئايلانغان دۇڭچى ئوتتۇرا مەكتىپى دېياڭ شەھەر رايونى جىڭخۇ كۆلى ساھىلىدا قايتا قەد كۆتۈردى، بۈگۈنكى كۈندە، دۇڭچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى «ئۇيغۇنلىشىش مائارىپى» ئىدىيەسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىش يولىنى كېڭەيتمەكتە. كىتاب ئاۋازى جاراڭلاپ، ھېسسىيات ئۇرغۇپ، بىر قارار بىر قارار ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەرگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى باشلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى ئۆسۈم ياردەم مەبلىغى ھەم خەۋپ - خەتەر تۆلەم تولۇقلىما پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى»گە ئاساسەن، ئەمگەك ئىقتىدارى بولغان، قەرز ئېلىش ئارزۇسى بار، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش يوشۇرۇن ئىقتىدارى بار ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن، قەرەللى ئۈچ يىل ئىچىدە بولغان، رەنىسىز، كېپىلسىز بولغان نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى ئېلىشنى تەكرار ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، بۇ ئىناۋەتلىك قەرز پۇل مەھسۇلاتى تۆپ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە بېرىلىدۇ، مالىيەدىن تولۇق سومملىق ئۆسۈم ياردىمى بېرىلىدۇ.

بۇ سىياسەتنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2019 - يىلى 6 - ئايدا «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى. «پىكىر»دە مۇنۇلار بەلگىلەندى: نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە داۋاملىق قەرز بېرىش، قەرەللىنى ئۇزارتىشقا دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەر ئۆزگەرتىلمەي، ئاساسلىقى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر(نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە مەدەت بېرىلىدۇ. ئومۇمەن ئالاقىدار شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن، نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بانكا ئاپپاراتلىرى نامرات ئائىلىلەرگە قەرز پۇل بېرىش، داۋاملىق قەرز پۇل بېرىش ياكى قەرەللىنى ئۇزارتىشنى بېجىرىپ بەرسە، نامرات ئائىلىلەرگە كۆپ قېتىم ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى بېرىپ، قەرز پۇل بېرىشكە بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە قەرز پۇلى بېرىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلسا بولىدۇ.

بۇ سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ بۇ يىلىنىڭ 1 - پەسلىدە، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قەرز قايتۇرۇش قىيىنچىلىقى كۆرۈلگەن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەرز بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان ئاپپاراتلار قەرەللىنى ئۇزارتىش، مۇددىتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بەردى، يۆلىدى، قەرز قايتۇرۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىلىنىڭ 1 - پەسلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنىڭ قەرەللىنى ئۇزارتىش، داۋاملىق قەرز بېرىش، قەرز قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش تۈرىدىن جەمئىي 12 مىڭ 583نى بېجىرگەن بولۇپ، سوممىسى 409 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست قەرەللىنى ئۇزارتىش، داۋاملىق قەرز بېرىش، قەرز قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش تۈرىدىن جەمئىي 8048نى بېجىرگەن بولۇپ، سوممىسى 255 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش قايتما ئىنكاس پىكرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل تۈزىتىپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بىڭتۈەن 2 - شىسى بىلەن بىرلىشىپ، باغراش كۆلى ئەتراپىدىكى سانائەت، شەھەر - بازار تۇرمۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ دائىرىلىك مەنبەسى قاتارلىقلارنىڭ بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتىشنى چۆرىدەپ، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، سۈزۈك سۇ بىلەن نېيترال سۇنى قايتا ئىشلىتىش، سۈزۈك سۇ بىلەن پاسكىنا سۇنى ئايرىش، بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزىنى تۈزەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باغراش كۆلىنىڭ سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش، سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە سۇ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىپ، باغراش كۆلىنىڭ سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىدى.

خۇاڭشۈي جىلغىسى —— قايدۇ دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى نۇرغۇن كىچىك ئېقىنلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تارماق ئېقىن، شۇنداقلا باغراش كۆلىگە كىرىدىغان ئىككىنچى چوڭ مەنبە ئېقىن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خۇاڭشۈي جىلغىسىنىڭ باغراش كۆلىگە كىرىش يولىنى راۋانلاشتۇرۇشىغا پائال ياردەملىشىپ، ئۆزى مەبلەغ غەملەش ئارقىلىق ئازادلىق 2 - ئۆستەڭ ئېكولوگىيە چۈشۈرگىسى، شارۇۋسۇن كەلكۈننى بۆلۈش چۈشۈرگىسىنى يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ، قايدۇ دەرياسىدىن خۇاڭشۈي جىلغىسى ئارقىلىق باغراش كۆلىگە ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىپ بەردى. 2018 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قايدۇ دەرياسىدىن ئازادلىق 2 - ئۆستەڭ ئېكولوگىيە چۈشۈرگۈسى ئارقىلىق خۇاڭشۈي جىلغىسى ھەم باغراش كۆلىگە ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشنى ئۇدا يولغا قويۇپ، جەمئىي 339 مىليون كۇب مېتىر سۇ يەتكۈزۈپ، خۇاڭشۈي جىلغىسىدا ئون نەچچە يىل ئېقىن ئۈزۈلۈپ قېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، خۇاڭشۈي جىلغىسى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۇلىنىشىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باغراش كۆلىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە يەنە بىر سۇ ئايلىنىش رايونى شەكىللەندۈرۈپ، باغراش كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشىلىدى.

ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ھازىر دەل ئەتىيازلىق سۇغىرىشتا سۇ ئىشلىتىش ئېسىق مەزگىلى بولغاچقا، سۇ يەتكۈزۈش خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور. تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى سۇ ئەھۋالىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، تەقسىملەپ، قالغان سۇنىڭ ھەممىسىنى خۇاڭشۈي جىلغىسى ئارقىلىق باغراش كۆلىگە يەتكۈزۈپ، باغراش كۆلىنىڭ سۇ ئايلىنىش كۆلىمىنى ئاشۇردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)